2020 ـ يىل 10 ـ ئاي
1
پەيشەنبە
维吾尔文 10月1日

شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى：CN 65－0002/－W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى：1－57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى：xjrbdzb@xjdaily.com　25201 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت

ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتناشتى

ئوڭدىكى سۈرەت: 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىغا كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ گۈل سېۋىتىدىكى لېنتىلارنى رەتلىمەكتە.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېن خۇڭ فوتوسى

ئاستىدىكى سۈرەت: 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىغا كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شيې خۇەنچى فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىپ، قەھرىمانلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش. ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە مۇراسىمغا قاتناشتى.

ھەيۋەتلىك تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئوتتۇرىدىكى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئېگىز جەۋلان قىلىپ تۇراتتى، خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارى ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان «ۋەتەنگە بەخت تىلەيمىز» دېگەن خەت يېزىلغان غايەت زور گۈل سېۋىتى دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ قۇدرەت تېپىشىغا بولغان گۈزەل تىلەكنى ئىپادىلەپ تۇراتتى، گۈل سېۋىتىدىكى «ھەممە بىر نىيەتتە بولۇش» دېگەن خەتلەر كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى.

سائەت 10غا يېقىنلاشقاندا، شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى تيەنئەنمېن مەيدانىغا كېلىپ، خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ھەربىي ئوركېستىرىنىڭ كانايچىلىرى ياڭراق ئاۋازدا «ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنى بۇرغىسى»نى چالدى. «ھۆرمەت قاراۋۇللىرى تەييارلىنىڭلار!» ئۈچ ئارمىيەنىڭ ھۆرمەت قاراۋۇللىرى مەردانە، مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، ھۆرمەت قەدىمى بىلەن خاتىرە مۇنارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مىلتىقلىرىنى تۇتۇپ تىك تۇردى.

دەل سائەت 10دا، خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى رەسمىي باشلاندى. ھەربىي ئوركېستىر «پىدائىيلار مارشى»نى ئورۇندىدى، پۈتۈن مەيداندىكىلەر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرىنى بىرلىكتە ئۈنلۈك ئېيتتى.

دۆلەت شېئىرى ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەيداندىكىلەر سۈكۈتتە تۇرۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

گوۋۇيۈەن دۆلەت بايرىمىلىق كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى

شى جىنپىڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار قاتناشتى

لى كېچياڭ سۆز قىلدى　خەن جېڭ كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى

9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەچتە، گوۋۇيۈەن بېيجىڭ خەلق سارىيىدا دۆلەت بايرىمىلىق كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك زاتلار بىلەن خۇشال ـ خۇرام ھالدا بىر يەرگە جەم بولۇپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ياۋ داۋېي فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەچتە، گوۋۇيۈەن خەلق سارىيىدا دۆلەت بايرىمىلىق كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى 500گە يېقىن جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك زات بىلەن خۇشال ـ خۇرام ھالدا بىر يەرگە جەم بولۇپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى.

خەلق سارىيىنىڭ زىياپەت زالىدا رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان بولۇپ، قىزغىن، خۇشال بايرام كەيپىياتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. رەئىس سەھنىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ھەيۋەتلىك دۆلەت گېربى ئېگىز ئېسىلغانىدى، «1949 — 2020» دېگەن چوڭ خەتلىك يىل نامى ئوتتۇرىدىكى قىزىل بايراقلار ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

سائەت 17دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، شادىيانە «مەرھابا مۇزىكىسى»غا ئەگىشىپ، شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى زىياپەت زالىغا كىردى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى باشلىقلار يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى

ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىدە چىڭ تۇرۇشى، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇشى، يېشىل تەرەققىياتنى ساقلىشى، مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى، جۇڭگونىڭ ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق بىللە ئۆتىدىغان زامانىۋىلىشىشنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداشنى كۈچەيتىش ۋە يەر شارىۋى مۇھىت تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن كۈچ قوشىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى باشلىقلار يىغىنىدا سىن ئارقىلىق مۇھىم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى پەيتىدە، ھەرقايسى دۆلەتلەر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس زۇكىمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئۇيۇقرى سۈپەتلىك قايتا جانلىنىشىغا تۈرتكە بولۇۋاتقان بۇ ئالاھىدە پەيتتە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى باشلىقلار يىغىنىنى ئۆتكۈزگەنلىكى، كۆپچىلىكنىڭ جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور تېما ئۈستىدە بىرلىكتە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغانلىقى رېئال ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، پۈتۈن يەر شارىدا تۈرلەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىش سۈرئىتى ئۈزلۈكسىز تېزلىشىپ، جانلىقلار كۆپ خىللىقىنىڭ يوقىلىشى ۋە ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنىڭ چېكىنىشى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتارلىقلار قاتناشتى

9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈڭ، ۋاڭ شىگۈي** خەۋەر قىلىدۇ: پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر قويۇلۇپ چوڭقۇر قايغۇ ئىپادىلەندى، ئابىدە ئارقىلىق ئۇلۇغ تۆھپە مەڭگۈ ياد ئېتىلىپ، قەھرىمانلارنىڭ روھىغا تەسەللى بېرىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ رەھبەرلىرى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى كادىرلار،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)